# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 4 - بەتتە)

ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىمىز. ئىگىلىك تىكلەش سېلىنمىسى ۋە پاي ھوقۇقى سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلىنى كۆپەيتىمىز. يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئىسلاھات سىنىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بويىچە بىر تۈركۈم ئۈلگە كۆرسىتىش بازىلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇپ، كەڭ قورساقلىق، ئېھتىياتچانلىق بىلەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سۇپا ئىقتىسادى، ھەمبەھىرلىك ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجادكارلىقىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتىمىز.

## 5. ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۇسۇلىنىڭ تېز ئۆزگەرتىلىشىگە تۈرتكە بولۇش

دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچى زور، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ يېتەكچىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىستېمالنى يۈكسەلدۈرۈش بىلەن سېلىنمىنى ئاشۇرۇشنى ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈپ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىش كېرەك.

ئىستېمالنىڭ ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولىمىز. مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق، ئاھالىنىڭ ئىستېمال ئارزۇسى ۋە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىمىز. يېمەك - ئىچمەك، سودا سارىيى، مەدەنىيەت، ساياھەت، ئائىلە مۇلازىمىتى قاتارلىق تۇرمۇش مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى قوللاپ، تور دىكى ئىستېمال بىلەن تور سىرتىدىكى ئىستېمالنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. ئاپتوموبىل ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ماشىنا توختىتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىمىز. كۈتۈنۈش، يەسلى تەربىيەسى مۇلازىمىتىنى راۋاجلاندۇرىمىز. ئومۇمىي ساغلاملىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز. پىيادىلەر كوچىلىرىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرىمىز. ئېلېكترونلۇق سودا، تېز يەتكۈزۈش كەسپىنىڭ يېزىلارغا كىرىشىنى قوللاپ، يېزا ئىستېمالىنى ئاشۇرىمىز. كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ ئىستېمالنى كېڭەيتىپ، ئاممىنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئېھتىياجىغا ماسلىشىمىز.

ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى ئاشۇرىمىز. بۇ يىل يەرلىك ھۆكۈمەتلەر مەخسۇس زايومى ئۈچۈن 3 تىرىليون 750 مىليارد يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بۇلتۇرقىدىن 1 تىرىليون 600 مىليارد يۈەن كۆپەيتىلدى، مەخسۇس زايومنىڭ تۈر كاپىتال سوممىسى قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان نىسبىتى ئۆستۈرۈلۈپ، مەركەز خامچوتى ئىچىدە 600 مىليارد يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەم ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان، ھەم قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، زاپاس كۈچنى ئاشۇرىدىغان «ئىككى يېڭى، بىر مۇھىم» قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق قوللايمىز، بۇنىڭدا ئاساسلىقى: يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تورىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز، 5G نى قوللىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىمىز، سانلىق مەلۇمات مەركىزىنى بەرپا قىلىپ، توكلىغۇچ ۋە باتارېيە پونكىتى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتىمىز، يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىلنى ئومۇملاشتۇرىمىز، يېڭى ئىستېمال ئېھتىياجىنى قوزغىتىپ، كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىمىز. يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ناھىيە بازارلىرىنىڭ ئاممىۋى ئەسلىھە ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى راسا كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش - ماكانلىشىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىمىز. شەھەر - بازارلاردىكى 39 مىڭ كونا ئولتۇراق رايوننى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا يېڭىدىن ئىش باشلايمىز، تۇرۇبا تورىنى ئۆزگەرتىش، كونا تۇرالغۇ بىنالىرىغا لىفت ئورنىتىش قاتارلىقلارغا مەدەت بېرىپ، ئائىلىدە كۈتۈنۈش، يېمەك - ئىچمەك، تازىلىق قاتارلىق كۆپ خىل مەھەللە مۇلازىمىتىنى راۋاجلاندۇرىمىز. قاتناش، سۇچىلىق قاتارلىق چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلارنى كۈچەيتىمىز. دۆلەتنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشى كاپىتال سوممىسىنى 100 مىليارد يۈەن كۆپەيتىمىز. بازارلاشقان مەبلەغ سېلىش - مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ باراۋەر قاتنىشىشىغا مەدەت بېرىمىز. تۈرلەرنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاش، يامان ئاقىۋەت قالدۇرماسلىق، سېلىنمىنىڭ ئۈنۈمىنى سىجىل جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىمىز. مەركىزىي شەھەرلەر ۋە شەھەرلەر توپىنىڭ ئۇنىۋېرسال يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىمىز. ئۆينى پۇل تېپىش ۋاستىسى قىلىۋالماي، تۇرالغۇ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەھەرلەرنىڭ ئەھۋالغا قاراپ تەدبىر قوللىنىپ، ئۆي - زېمىن بازىرىنىڭ مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. خەلققە قولايلىق يارىتىش ئەسلىھەسى ۋە توسالغۇسىز ئەسلىھەنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەرنى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا، ئولتۇراقلىشىشقا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تېز ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش، شەرقىي شىمالنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈش، ئوتتۇرا رايوننى يۈكسەلدۈرۈش، شەرقىي رايوننى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرىمىز. بېيجىڭ - تيەنجىن - خېبېينىڭ ماسلاشما تەرەققىياتى، گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشى، چاڭجياڭ دېلتىسىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تەرەققىياتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىمىز. چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوغداشقا ئورتاق كۈچەش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش يىرىك پىلانى پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىمىز. چېڭدۇ - چۇڭچىڭ رايونىنىڭ قوش شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. كونا ئىنقىلابىي رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چېگرا رايونلار، نامرات رايونلارنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىمىز. دېڭىز - ئوكيان ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرىمىز.

خۇبېينىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان بىر يۈرۈش سىياسەتلەرنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا، خەلق تۇرمۇشىغا، خىزمەتلەرنىڭ يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى قوللاپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز. بۇلغىنىشنى قانۇن بويىچە، ئىلمىي، دەل جايىدا تۈزەشنى گەۋدىلەندۈرىمىز. نۇقتىلىق رايونلاردا ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى تۈزەش جېڭىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. پاسكىنا سۇ، ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىشنى ئىلگىرى سۈرىمىز. ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى خەتەرلىك خىمىيەۋى بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى كۆچۈرۈش، ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىمىز. ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، مۇھىت ئاسرايدىغان كەسىپلەرنى زورايتىمىز. ياۋايى ھايۋانلارنى قانۇنسىز تۇتۇش - ئۆلتۈرۈش، ئېلىپ - سېتىش ۋە ئىستېمال قىلىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق جازالايمىز. مۇھىم ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دائىر چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلارنى يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىمىز. كۆمۈردىن پاكىز، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرىمىز، ھاسىلىي ئېنېرگىيەنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز، نېفىت، تەبىئىي گاز، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش - تەمىنلەش - سېتىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېنېرگىيە زاپىسى ساقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز.

## 6. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىش - دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭى ۋە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرىمىز. قېپقالغان نامرات ناھىيەلەر ۋە نامرات كەنتلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرىمىز، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىنى شۇ جايدا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىمىز. نامراتلارنى كۆچۈرۈپ يۆلەشتە كۆچۈرۈلگەنلەرگە داۋاملىق يار - يۆلەك بولۇشنى كۈچەيتىمىز. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىقىنى ۋە مەركەزدىكى ئورۇنلارنىڭ نامراتلارنى نۇقتا بەلگىلەپ يۆلەش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. پەۋقۇلئاددە نامرات ئاھالىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىمىز. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جېڭى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن ناھىيەلەرگە قارىتىلغان ئاساسلىق يۆلەش سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىمىز. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاممىنى بېيىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن يۈزلەندۈرىمىز.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى كۈچەپ چىڭ تۇتىمىز. ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئېگىزغا تېرىش كۆرسەتكۈچىنى ئۆستۈرىمىز، شالىنىڭ ئەڭ تۆۋەن سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاشلىق كۆپ چىقىدىغان ناھىيەلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتىنى ئاشۇرىمىز، ئېغىر كېسەل - ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ئالدىنى ئالىمىز ۋە ئۇنى تۇتىمىز، دادۇر قاتارلىق ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا مەدەت بېرىمىز. تېرىلغۇ يەرنى قانۇن - بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئىگىلىۋېلىش قىلمىشلىرىنى جازالايمىز، يېڭىدىن 80 مىليون مو يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز بەرپا قىلىمىز. ئەلا سورتنى يېتىلدۈرىمىز ۋە كېڭەيتىمىز. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا تولۇقلىما بېرىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. ئافرىقا چوشقا ۋاباسى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىمىز. چوشقا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرىمىز. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرىمىز. ئاشلىقتا ئۆلكە باشلىقى، كۆكتاتتا شەھەر باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى چىڭىتىمىز. 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگولۇقنىڭ تاماق مەسىلىسىنى ئۆزىمىزگە تايىنىپ ھەل قىلىشقا قۇربىمىز يېتىدۇ ھەمدە جەزمەن شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.

دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىمىز. دېھقانلارنىڭ يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە ئىگىلىك تىكلىشىگە مەدەت بېرىپ، 1-، 2-، 3- كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن يۆلەش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، يۇرتىغا قايتقان دېھقان ئىشلەمچىلەرنى ئىشلەش، كىرىمگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز. دېھقانلارنىڭ كەسپىي ماھارەت تەربىيەسىنى كۈچەيتىمىز. دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى قانۇن بويىچە تۈپتىن ھەل قىلىمىز. مۇۋاپىق كۆلەمدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش سۇبيېكتلىرىغا يار - يۆلەك بولۇپ، دېھقانلارغا قارىتىلغان ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى كۈچەيتىمىز. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى چوڭقۇر پىششىقلاپ ئىشلەشكە مەدەت بېرىمىز. يېزا - كەنتلەرنىڭ كەسىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن يەر ئىشلىتىشنى كاپالەتلەندۈرۈش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ كۈچىنى ئاشۇرىمىز. مەخسۇس زايوم سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ئەسلىھەلىرى، ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشى ۋە تۇرالغۇ مۇھىتىنى تۈزەشنى قوللاپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى سىجىل ياخشىلايمىز.

## 7. تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، تاشقى سودا ۋە تاشقى مەبلەغنىڭ ئاساسىنى مۇقىملاشتۇرۇش

تاشقى مۇھىتتىكى ئۆزگىرىش ئالدىدا، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي كېڭەيتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تاشقى سودىنىڭ ئاساسىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. كارخانىلارنىڭ زاكازنى كۆپەيتىپ، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشىغا مەدەت بېرىشنى چۆرىدەپ، كرېدىت سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئېكسپورت ئىناۋەت سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىمپورت - ئېكسپورتنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇنلىشىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدە سېتىلىشىغا مەدەت بېرىمىز. چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، خەلقئارا يۈك ترانسپورت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز. مۇلازىمەت سودىسىنى يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە يېڭى بىر نۆۋەتلىك نۇقتىدا سىناق ئېلىپ بېرىشنى ئالغا سىلجىتىمىز. 3 - نۆۋەتلىك ئىمپورت يەرمەنكىسىگە ياخشى تەييارلىق قىلىپ، ئىمپورتنى پائال كېڭەيتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە دۇنياغا يۈزلەنگەن چوڭ بازارنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز.

تاشقى مەبلەغدىن پائال پايدىلىنىمىز. تاشقى مەبلەغ ئىجازىتى پاسسىپ تىزىملىكىنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، چېگرا ھالقىغان مۇلازىمەت سودىسى پاسسىپ تىزىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. ئەركىن سودا سىناق رايونلىرىغا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىمىز، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردا ئەركىن سودا سىناق رايونى، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوننى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىمىز. مۇلازىمەتچىلىك بويىچە ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇنىۋېرسال سىناق نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىمىز. خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىمىز. ئىچكى - تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرى ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بازار مۇھىتىنى يارىتىمىز.

«بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرىمىز. ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق بەرپا قىلىش، تەڭ بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، بازار پرىنسىپى ۋە خەلقئارا ئورتاق قائىدىگە ئەمەل قىلىپ، كارخانىلارنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرىمىز. چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىشنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىمىز.

سودا ۋە سېلىنمىنىڭ ئەركىنلىشىشى، قولايلىشىشىغا تۈرتكە بولىمىز. كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قەتئىي قوغداپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئىسلاھاتىغا پائال قاتنىشىمىز. رايونلار ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا تۈرتكە بولىمىز، جۇڭگو - ياپونىيە - كورېيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەركىن سودا سۆھبىتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىقتىساد - سودا كېلىشىمىنى ئورتاق ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىدۇ.

## 8. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشنى چۆرىدەپ، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش

قىيىنچىلىق ئالدىدا، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىنىڭ تۆۋەن چېكىنى قەتئىي چىڭ ساقلاپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلارنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئاممىۋى ساغلاملىق سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنى بىۋاستە مەلۇم قىلىش ۋە ئالدىن سىگنال بېرىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇم ئەھۋالىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئاشكارىلاش، ئوچۇق تۇتۇش، ئېلان قىلىشتا چىڭ تۇرىمىز. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە زايومىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ۋاكسىنا، دورا ۋە تېز تەكشۈرۈش تېخنىكىسىغا دائىر تەتقىقات سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتىمىز، كۆچمە تەجرىبىخانىلارنى كۆپەيتىپ، جىددىي تاقابىل تۇرۇش ئەشيالىرى كاپالىتىنى ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ سەھىيە يۇقۇم مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىمىز. ئاممىۋى ساغلاملىق ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىمىز. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرىمىز. سەھىيە - ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ساغلام، مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىمىز. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، يۇقۇم قايتا كۆچىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قەتئىي ساقلايمىز.

ئاساسىي داۋالاش مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز. ئاھالىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئۈچۈن كىشى بېشىغا بېرىلىدىغان مالىيە ياردىمى ئۆلچىمىنى 30 يۈەن كۆپەيتىمىز، ئامبۇلاتورىيە خىراجىتىنى ئۆلكە ھالقىپ بىۋاستە راسچوت قىلىش ئۈستىدە نۇقتىدا سىناق ئېلىپ بېرىشنى قانات يايدۇرىمىز. يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان داۋالاش ئاپپاراتلىرىغا يار - يۆلەك بولىمىز، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز. «ئالاقە تورى + داۋالاش - ساغلاملىق»نى تەرەققىي قىلدۇرىمىز. رايونلۇق داۋالاش مەركەزلىرىنى بەرپا قىلىمىز. شەھەر - يېزىلارنىڭ مەھەللە داۋالاش مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز. دەرىجىگە ئايرىپ داۋالاشنى ئالغا سىلجىتىمىز. جۇڭگو تېبابىتى - دورىگەرلىكىنىڭ گۈللىنىپ راۋاج تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىنى كۈچەيتىمىز. دوختۇر بىلەن بىمارلار ئوتتۇرىسىدا ئىناق مۇناسىۋەت ئورنىتىمىز. يېمەكلىك - دورىغا قارىتىلغان نازارەتچىلىك - باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، بىخەتەرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

مائارىپنىڭ ئادىل تەرەققىي قىلىشى ۋە مائارىپ سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىمىز. ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرىمىز. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە، ئوقۇتۇش خىزمىتى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى خىزمىتىنى تەرتىپلىك تەشكىللەيمىز. يېزا - بازارلاردىكى ياتاقلىق مەكتەپ، يېزا - كەنتلەردىكى كىچىك كۆلەملىك مەكتەپ ۋە ناھىيە بازىرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ بىللە كەلگەن پەرزەنتلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا مەكتەپكە كىرىشىگە دائىر سىياسەتنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. ئالاھىدە مائارىپ، داۋاملاشما مائارىپنى ياخشى يولغا قويىمىز، پۇقراۋى مائارىپنى قوللايمىز ۋە قېلىپلاشتۇرىمىز. ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق ئاساسىدىكى يەسلى مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۇقراۋى يەسلىلەرنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىمىز. ئالىي مائارىپنىڭ ئىچكى ئامىللىق تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىي مەكتەپ ۋە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان پەن قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىمىز. ئالىي مەكتەپلەرگە يېزا ۋە نامرات رايونلاردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىمىز. كەسپىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرىمىز. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. مائارىپنىڭ ئۇچۇرلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىمىز. مائارىپ سېلىنمىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، سېلىنما قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مەكتەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىپ، مائارىپ بايلىقىدىن بارلىق ئائىلىلەر ۋە بالىلارنى مەنپەئەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشتۈرىمىز.

ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرىمىز. پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلىنى ئۆستۈرىمىز، شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش پۇلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز. كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتا فوندىنى ئۆلكىلەر بىرتۇتاش كىرىم قىلىش، بىرتۇتاش چىقىم قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ،

(ئاخىرى 6 - بەتتە)